«ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى»گە نەزەر

# ئاپتونوم رايونىمىز «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى» تور پائالىيىتىنى قوزغاتتى

## مىليوندىن ئارتۇق تورداش توردا كۆردى، ھەمتۈرتكە بولۇپ پىكىر ئالماشتۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جىڭ بو** خەۋەر قىلىدۇ: 8-ئاينىڭ 8-كۈنى 12-قېتىملىق «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى»، بۇ يىلقى باش تېما «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشكە كۈچ قوشۇش». شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونىمىز «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى» تور پائالىيىتىنى قوزغىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، مىليوندىن ئارتۇق تورداش ئوخشاش بولمىغان بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسى ئارقىلىق توردا كۆردى، ھەمتۈرتكە بولۇپ پىكىر ئالماشتۇردى.

«ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇپ، ساغلام تەنگە ئىگە بولغاندا، ئاندىن كەلگۈسى بولىدۇ» «تەنھەرىكەت كىشىنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ ياش قىلىدۇ»... تورداشلارنىڭ قالدۇرغان سۆزلىرىدە ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىگە ئاتلىنىش كۈچلۈك ئارزۇسى ئىپادىلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارمۇ تۈرلۈك شەكىلدىكى تور پائالىيەتلىرىنى بەس-بەستە قانات يايدۇرۇپ، «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى» پائالىيىتىنىڭ قويۇق كەيپىياتىنى ياراتتى. پائالىيەت كۈنى توردا قانات يايدۇرۇلغان تاختىسىمان تىرەپ تۇرۇش مۇسابىقىسى 550 مىڭدىن ئارتۇق تورداشنى كۆرۈشكە جەلپ قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى «شىنجاڭ مېنىڭ ئائىلەم» يېڭى تاراتقۇسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاچقان «ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش كۈنى» شەخسلەر ئېلان پائالىيىتىگە 8-ئاينىڭ 7-كۈنىگىچە 25 مىڭدىن ئارتۇق تورداش قاتناشتى؛ قاراماي شەھىرى ئۆتكۈزگەن «چىدىيەن داشېڭ . ئومۇمىي خەلق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش توپىنى خالىغانچە كۆكلىتىش، توۋلاپ كۈچ ئۇلاش مۇسابىقىسى» «توردىكى مارافون — ‹يۈنما خۇايۈەن› پائالىيىتى»، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۆتكۈزگەن بەدەن چېنىقتۇرۇش گىمناستىكىسى، تەيجى گۇمپىسى قاتارلىق يۈرۈشلۈك مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى كۆپلىگەن قاتناشقۇچىلارنى جەلپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئىمىنجان زارى مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى توردا ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىنى ئۈچ قېتىم ئۆتكۈزدى. پائالىيەت مەزمۇنى ئىلمىي بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، مۇنەۋۋەر جەمئىيەت تەنتەربىيە يېتەكچىلىرى توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ ئۆگىتىش، ئۆيدە بەدەن چېنىقتۇرۇش تور تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، «مېنىڭ ئۆيدە بەدەن چېنىقتۇرۇش ھېكايەم»نى توپلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، توردا كۆرگەنلەر 19 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئىشلىرىدا ياخشى خەۋەرلەر ئۈزۈلمىدى، يېقىن ئەتراپتىكى تەنتەربىيە چېنىقىش مەيدانلىرى، شەھەر-يېزىلاردىكى بەدەن چېنىقتۇرۇۋاتقان كىشىلەر توپى، تۈرلۈك بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە جانلىنىۋاتقان جەمئىيەت تەنتەربىيە يېتەكچىلىرى... تۈرلۈك تەدبىرلەر، سان-سېپىرلار خەلق قەلبىنى ئىللىتتى، ئاساسنى پۇختىلىدى. بۈگۈنكى كۈندە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئىلمىي بەدەن چېنىقتۇرۇش بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق تاللىشىغا ئايلاندى، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ھەرىكىتىگە ئايلانماقتا.



8-ئاينىڭ 8-كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايىباغ رايونى خۇەنۋېي جەنۇبىي يولى ۋەنكې لەنچياۋ شېڭفىي ئولتۇراق رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق رېن شياۋرەن ئۆيدە چېنىقماقتا. □ جوۋ لېي فوتوسى

# رەقەملىك ئىقتىساد شىنجاڭ سانائىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يېتەكلىمەكتە

(بېشى 1-بەتتە)

تېمپېراتۇرىنى تېز ئۆلچەپ، ئالدىن سىگنال بېرەلەيدۇ ھەم نورمالسىز سانلىق مەلۇماتلارنى يۇقىرىغا يوللاپ ئىستاتىستىكا قىلالايدۇ» دېدى شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جېڭ لىن.

ئەقلىي ئىقتىدارلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، تېزلا بازار تاپتى. 8-ئاينىڭ 5-كۈنى، شىنجاڭ ئەيخۇا يىڭتۇڭ ئۈچۈر تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى 1000 دانىلىق زاكاز تالونىنى تاپشۇرۇۋالدى.

«بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە ماسكا نۇسخىسىدىكى AI تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچنى تەتقىق قىلىپ ياسىدۇق، تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەشنىڭ توغرىلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، سىجىل تۈردە دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى AI كۈچى بىلەن تەمىنلەيمىز» دېدى جېڭ لىن.

AI+ تېمپېراتۇرا ئۆلچەش پەقەت شىنجاڭ ئەيخۇا يىڭتۇڭ ئۈچۈر تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۆز رەقەملىك ئىقتىسادنى يېتىلدۈرۈشى، زورايتىشىدىكى بىر كېسىش ئېغىزى. AIنى كەسىپتە ئەمەلىي قوللىنىشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ، نۆۋەتتە بۇ شىركەت AI ھېسابلاش ئۇسۇلى، AI قاتتىق دېتالى، AI مۇھىتىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلاملىق مەھسۇلات لىنىيەسىنى تەتقىق قىلىپ ئىچىپ ۋە شەكىللەندۈرۈپ، ئاقىل مائارىپ، ئاقىل جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئاقىل سودا قاتارلىق ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە ئەمەلىي قوللاندى.

AIنى ئەمەلىي قوللىنىشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، 100 ساھەدىكى 10 مىڭ كارخانىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى تېخنىكا يېڭىلاشقا بىلىندۈرمەي تۈرتكە بولۇش «رەقەملىشىش»نىڭ سېھرىي كۈچى.

دەۋر دولقۇنى مەۋج ئۇرۇپ كەلمەكتە، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، نەرسە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، بۇلۇت ھېسابلاش قاتارلىق بىر قاتار رەقەملىك پەن-تېخنىكىلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ بىلەن تەمىنلىدى.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭنىڭ رەقەملىك ئىقتىساد كۆلىمى 2013-يىلىدىكى 105 مىليارد 600 مىليون يۈەندىن 2019-يىلىدىكى 345 مىليارد يۈەنگە كۆپەيگەن بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 37.8% ئاشقان؛ GDPدا ئىگىلىگەن سالمىقى 12.7%تىن 24.7%كە ئاشقان. شىنجاڭنىڭ رەقەملىك ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى شۇ مەزگىلدىكى GDPنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كۈچكە ئايلانغان.

## يېڭىلىق يارىتىش تۈرتكە بولۇپ، قېرى دەرەخنى يېڭىدىن شاخلاتتى

«ئېغىر ئۇيقۇ»دىكى سانلىق مەلۇماتلار «ئويغىتىلدى»، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى زاۋۇت، سېخلار «ئەقىللىق» بولۇپ كەتتى.

قىزغىنلىق پەلەككە يەتكەن ئەمگەك مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولدى، بازغان ئۇرۇلۇۋاتقان، كەپشەرلەۋاتقان ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق مەشغۇلات شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بولدى، شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتى ئېلېكتر قۇتۇپى ياپراقچىسى شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىرگەندە، پاكىز، رەتلىك مۇھىت كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى.

شۇنچە چوڭ سېختا، ئىشچىلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، پەقەت تومۇزغا قانىتىدەك نېپىزلىقتىكى ئېرىتىپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن يۆگەم-يۆگەم ياپراقچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۇنىسىدىن ئاستا-ئاستا چىقىۋاتقانلىقىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. ئارقىدىنلا، AGV ماشىنا ئادەم ئاپتوموبىلى دەرھال ئورنىغا كېلىپ، ياپراقچە يۆگەملىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇياقتىن بۇياققا يۆتكىدى، ئۇسكۇنىلەر نۇقسانسىز ماسلىشىپ ئىشلەۋاتاتتى.

كونترول ئۆيىدە، مەشغۇلاتچى كومپيۇتېر ئالدىدا ئېكراندىكى ئىشلەپچىقىرىش سانلىق مەلۇماتىغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى، بەزى-بەزىدە كۇنۇپكا تاختىسىنى چېكىپ، كونترول قىلىۋاتاتتى.

«پەقەت خام ماتېرىيالنى ئۇسكۇنىگە سېلىپ، تېمپېراتۇرا، ۋاقىت قاتارلىق سانلىق قىممەتلەرنى ياخشى تەڭشەپ قويسىلا، مەھسۇلات ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.» شىنجاڭ جۇڭخې مۇدىرىيىتىنىڭ كاتىپى ليۇ جيەنخاۋ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى بۇنداق قولايلىق ئەمەس ئىدى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى بىر قاتار ھالقىلارنى كونترول قىلىشتا پۈتۈنلەي دېگۈدەك شەخسىي تەجرىبىگە تاياناتتۇق، بىرنەچچە يىل ئىشلىمىسەك، مەشغۇلاتتا پىشىپ يېتىلگىلى بولمايتتى».

چوڭ سانلىق مەلۇماتنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇتلارنىڭ رەقەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىشى ئەنئەنىۋى ئادەم كۈچىگە تايىنىدىغان ئەمگەك كۆجۈملىشىش تىپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنى تامامەن ئۆزگەرتتى، ھەمدە مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى سۈپىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ، سۈپەت ھادىسىسى يۈزبېرىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. «رەقەملىشىش» شەرق شاملىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ جۇڭخې جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېڭى ماتېرىيال كەسپىدىكى يادرولۇق تايانچ كارخانىغا ئايلاندى.

نۆۋەتتە شىنجاڭدا رەقەملىك ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە كېڭەيمەكتە، سانائەت ئالاقە تورى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىلىرى، يېڭى كەسىپ ھالەتلىرى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىشكە كۈچ قوشماقتا.

جىنفېڭ پەن-تېخنىكىسى شامال ئېلېكترى ئاقىل تىجارەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، بىر قاتار ئۈچۈرلاشقان سۇپىلارنى ئېچىپ ئەمەلىي قوللىنىپ، شامال ئېلېكترى مەيدانلىرىنىڭ تىجارەت سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرلىرىنى يىغىپ، يوللاپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەھلىل قىلىش، كاشىلىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش، مۇتەخەسسىسلەر قوللاش، بىلىمدىن ئورتاق بەھرىلىنىش قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە ئاقىل يۈرۈشتۈرۈش-ئاسراش مۇلازىمىتى تىرەك سۇپىسىنى شەكىللەندۈردى؛ ئالاھىدە ترانسفورموتور شىركىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سانلىق مەلۇمات مەركىزى، سانائەت ئالاقە تورى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى چۆرىدەپ، «ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى» «ئەقلىي ئىقتىدارلىق كان» قاتارلىق رەقەملەشكەن، ئۈچۈرلاشقان ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈلگە كۆرسىتىش تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل قانات يايدۇردى.

رەقەملەشكەن كەسپىنىڭ ئۇرۇقى شىنجاڭنىڭ كەڭ تۇپرىقىدا بىخ سۈرۈپ ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرگە چوڭقۇر ئېنېرگىيە بېرىپ، بايلىقلارنىڭ تەقسىملىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تېخىمۇ تولۇق سۈپەتكە ئىگە قىلدى.

## يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، رەقەملىشىشنىڭ «ئىچكى كۈچ»ىنى ئاشۇردى

رەقەملىك ئىقتىساد بىر مەيدان يېڭى ئىقتىسادىي ئىنقىلاب. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئالاقە تورى پەن-تېخنىكىسىغا قۇچاق ئېچىپ، ھەم بىر تۈركۈم رەقەملىك ئىقتىساد كارخانىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ زورايتتى، ھەم رەقەملىك تېخنىكىنىڭ ئاقىل شەھەر، ئاقىل داۋالاش، ئاقىل قاتناش، ئاقىل ھۆكۈمەت ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردە ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىي قوللىنىلىشىنى تېزلەتتى.

ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسالغان «شىگيۈن» يۇقىرى ئىقتىدارلىق كومپيۇتېرى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن، شىنجاڭ جۇڭكې شۇگۇاڭ بۇلۇت ھېسابلاش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى پېي جۇڭ تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن مۇنداق دېدى: ««شىگيۈن» ھەر سېكۇنتلۇق سىستېما چوققا قىممىتى ئۈچ تىرلىيات قېتىمغا يېتىش، ھەر سېكۇنتىغا بىر تىرلىيات 271 تىرلىيون قېتىملىق ئەمەلىي ئۆلچەش Linpack ئىقتىدارى بىلەن، پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇشتەك نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئەمەلىي ئۆلچەش ئىقتىدارى تىرلىيات قېتىمدىن ئاشىدىغان دۇنيادىكى ئۈچىنچى دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېرغا ئايلاندى.»

يېتەرلىك قابىلىيەت بولغاندىلا ئاندىن ئىشنى پۇختا قىلغىلى بولىدۇ. شۇگۇاڭ بۇلۇت ھېسابلاش تېخنىكىسىغا، دەرىجىدىن تاشقىرى ھېسابلاش تېخنىكىسىغا تايىنىپ، جۇڭكې شۇگۇاڭ ئۈرۈمچىنىڭ ئاقىل شەھەر سىستېمىسى بەرپا قىلىش، ئاقىل شەھەر ھەل قىلىش لايىھەسىنى تەمىنلەشتىكى مۇھىم قاتناشقۇچىغا ئايلاندى.

«شۇگۇاڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى بۇلۇت سۇپىسىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىشلىتىش، ئۈچۈر سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ‹ئاقىل ئۈرۈمچى› بەرپا قىلىش ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات بايلىقىنى مۇجەسسەملەپ ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا ئاساس سالدى، ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە چوڭ سانلىق مەلۇمات كەسپىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى» دېدى پېي جۇڭ.

بۇ يىل، جۇڭكې شۇگۇاڭ قۇرغان ئۈرۈمچى بۇلۇت ھېسابلاش مەركىزى تۈرىنىڭ 2-قارارلىق قۇرۇلۇشى باشلاندى، تۈر پۈتكەندىن كېيىن، 500دىن ئارتۇق ھۆكۈمەت ئورنى، پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى سانلىق مەلۇمات ساقلاش، تەھلىل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ، 10 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان بۇلۇت ھېسابلاش چوڭ سانلىق مەلۇمات كەسپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئىشنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، جەزمەن ئالدى بىلەن جابدۇقنى ياخشىلاش كېرەك. شۇگۇاڭ بۇلۇت ھېسابلاش چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسىنىڭ قۇرۇلۇپ ئەمەلىي قوللىنىلىشى شىنجاڭنىڭ رەقەملىشىشنىڭ «ئىچكى كۈچ»ىنى ئاشۇرۇشىدىكى جانلىق ئەمەلىيەت. ئومۇميۈزلۈك گۈللەنگەن كەسپىنى رەقەملەشتۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە سېلىشتۇرغاندا، رەقەملىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم تىرىكى بولغان يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ، ئۇزاق مۇددەت تەجرىبە توپلاش ۋە مەبلەغ سېلىشتا ياخشى تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ يىل، شىنجاڭ يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، 5G تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يۇمشاق دېتال ۋە ئۈچۈر تېخنىكىسى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تىرەكلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، رايون-بۆلەك زەنجىرى، بۇلۇت ھېسابلاش، چوڭ سانلىق مەلۇمات ۋە سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەمەلىي قوللىنىشقا تۈرتكە بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەتنى ئۈچۈرلاشتۇرۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلار، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، ۋاستىچى تەشكىلاتلار قاتارلىق رەقەملىك ئىقتىساد بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تور ئىقتىسادى، سۇپا ئىقتىسادى، ھەمبەھرە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ خاس زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يېتىلدۈرۈپ، رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ.

---

(بېشى 1-بەتتە)

ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش زور ئىش، جەزمەن ئىنچىكە ئىشلەش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھازىرقى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە ئەڭ مۇھىم خىزمەت، ھەرقانداق بىر ھالقىدا سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا ۋە چاتاق چىقسا، تۇسما چۈمۈلە ئۇۋۇسى سەۋەبلىك بۇزۇلغاندەك، يىڭنىدەك تۆشۈكتىنمۇ يەل قاچقاندەك ھالەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش تەدبىرلىرى جەزمەن يەنىمۇ قاتتىق، يەنىمۇ ئىنچىكە بولۇشى كېرەك.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتى ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھايات-ماماتلىق جەڭدە جەزمەن غەلىبە قىلىش كېرەك. ئاچقۇچلۇق پەيتتە تەدبىرلەرنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ چىڭىتىش كېرەك، «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نوكلېئىنك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش، مەھەللىلەر دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش-داۋالاش قاتارلىق ھەربىر ھالقا، ھەربىر ئۇششاق تەپسىلاتلارنى زىبرىكمەي-تىبرىكمەي، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىپ، سەپ تارتىپ تەييار تۇرۇپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرگەندىلا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش خىزمىتىدە قاراڭغۇ رايون قالدۇرماسلىق، قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق، يوچۇق قالدۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشتە ئاسماندىكى تورنى زىچ توقۇغىلى، يەردىكى قاپقاننى پۇختا قۇرغىلى، بۇ مەيدان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى ياخشى قوغدىغىلى بولىدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى:** xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1-نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)